شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 7 ـ ئاي 5 جۈمە
维吾尔文 7月5日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24747 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى ـ قالدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى ـ قالدۇردى:

بىرىنچى، خۇۋ لياڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرما فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

چېن خەينى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرما فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، پاڭ سېننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

چاڭ خۇانى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاشلىق تېرىغان دېھقانلار ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئۇرغۇتۇلدى ئاشلىق بازىرى تېخىمۇ جانلاندى

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا كۆپ تەرەپ پايدا ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ھەم 2019 ـ يىللىق يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى باشلانغاندىن بۇيان، دېھقانلار خۇشال بولغان، ھۆكۈمەت رازى بولغان، كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلار ئاكتىپ قاتناشقان ياخشى ۋەزىيەت قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئىسلاھاتنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى مۆلچەردىكىدىن ياخشى بولغان.

2018 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون 2004 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى يۆنىلىش قىلغان «ھۆكۈمەت باھا بېكىتىش، قويۇۋېتىپ سېتىۋېلىش، قويۇۋېتىپ بىۋاسىتە تولۇقلىما بېرىش»تىن ئىبارەت بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش سىياسىتىنى توختىتىپ، بازارنى يۆنىلىش قىلغان «ھۆكۈمەت يېتەكلەش، بازار باھا بېكىتىش، كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلار سېتىۋېلىش، ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا تولۇقلىما بېرىش، ئەلا سۈپەتلىكلەرنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش، ئەلا سۈپەتلىكلەرگە يۇقىرى تولۇقلىما بېرىش، جىددىي ئېھتىياجنى قامداشتا بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش»تىن ئىبارەت بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش يېڭى مېخانىزمىنى ئورناتقان. شۇ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك ئاشلىق كارخانىلىرى سېتىۋالغان بۇغداي جەمئىي 2 مىليون 750 مىڭ توننىغا يېتىپ، سېتىۋېلىش باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئومۇمىي جەھەتتىن يۇقىرى بولغان.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىرى لىيۇ شۆمىڭ مۇنداق بىلدۈردى:

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



**سۈرەتتە: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى بۇغداي سورتى يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پوسكام بازىسىدىكى 100 مولۇق يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزىنىڭ ئەمەلىي ئېلىنغان ھوسۇلىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نەق مەيدانى (6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تارتىلغان). شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى تاللاپ يېتىشتۈرگەن كۈزگى بۇغداي يېڭى سورتى شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ يېقىندا پوسكام ناھىيەسىدە ئەمەلىي ئېلىنغان بىرلىك ھوسۇلى 731.3 كىلوگىرامغا يېتىپ، 2018 ـ يىلدىكى شىنجاڭنىڭ كۈزگى بۇغدايدىن ئەمەلىي ئېلىنغان 724 كىلوگىراملىق بىرلىك ھوسۇل رېكورتىنى يېڭىلىدى.**

**☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (لىي جۈنجېي فوتوسى)**

# شىنجاڭدا بۇغدايىنىڭ بىرلىك ھوسۇل رېكورتى يېڭىلىنىپ

## 731.3 كىلوگىرامغا يەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى جىخاۋ)** تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالى دەل يازلىق ئاشلىقتىن ھوسۇل ئېلىش پەسلىگە كىردى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى تاللاپ يېتىشتۈرگەن كۈزگى بۇغدايىنىڭ يېڭى سورتى شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ يېقىندا پوسكام ناھىيەسىدە ئەمەلىي ئېلىنغان بىرلىك ھوسۇلى 731.3 كىلوگىرامغا يېتىپ، 2018 ـ يىلدىكى شىنجاڭنىڭ كۈزگى بۇغدايدىن ئەمەلىي ئېلىنغان 724 كىلوگىراملىق بىرلىك ھوسۇل رېكورتىنى يېڭىلىدى.

يېزا ئىگىلىكى، يېزا مىنىستىرلىقى بۇغداي مۇتەخەسسىسلىرى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى يېقىندا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى بۇغداي سورتى يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پوسكام بازىسىدىكى 100 مولۇق يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزىغا كېلىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز بازارلاشقان شارائىتتا يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى

# ئاشلىق سېتىۋالدىغان ئادەم بار، ئاشلىق سېتىۋالدىغان پۇل بار، ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبار بار

مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ھەم 2019 ـ يىللىق يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە: بۇ يىللىق يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى باشلانغان بولۇپ، ئاپتونوم رايون «ئاشلىق سېتىۋالدىغان ئادەم بولۇش»نى چۆرىدەپ تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ياخشى تۇتۇپ، «ئاشلىق سېتىۋالدىغان پۇل بولۇش»نى چۆرىدەپ مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ياخشى تۇتۇپ، «ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبار بولۇش»نى چۆرىدەپ سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تەييارلىقىنى ياخشى تۇتۇپ، «ئاشلىق باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش»نى چۆرىدەپ تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى ياخشى تۇتۇپ، بازارلاشقان شارائىتتا يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، باھا شەكىللەندۈرۈش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ باھانى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، سىياسەتنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، سېتىۋېلىش باھاسىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# مەركەز مالىيەسىدىن ئاجرىتىلغان 2 مىليارد 100 مىليون يۈەن يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى نەقلەشتى

## 90%تىن كۆپرەك مەبلەغ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات ناھىيەلەرگە سېلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار سۈن جې، لى جىخاۋ)** مۇخبىرلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئەڭ يېڭى خەۋەر تېپىشىچە: 2019 ـ يىلى مەركەز مالىيەسىنىڭ 2 مىليارد 131 مىليون يۈەن يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى تولۇقلىما ياردەم مەبلىغىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لىرىگە تەقسىملەپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 92%ى نامرات ناھىيەلەرگە تەقسىملەنگەن.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 32 نامرات ناھىيەگە تەقسىملەپ بېرىلگەن تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى 1 مىليارد 962 مىليون يۈەنگە يېتىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 7 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

لى پېڭشىن چاقىلىق ناھىيەسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن چاقىلىق ناھىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# نەزەرىيە ئۆگىنىشتە «يۇمشاق چايناپ ئاستا يۇتۇش» كېرەك

سۆز ھەممىگە

☐ شۇ چىڭگۇاڭ

كىشىلەر تاماق يېگەندە ئادەتتە ئىككى خىل ئەھۋال بولىدۇ: بىرى، ئاچ بۆرىدەك يېيىش، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاشقازان ـ ئۈچەينىڭ يۈكىنى ئاسانلا ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ بىرى، يۇمشاق چايناپ ئاستا يۇتۇش، بۇ ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلىش ھەم ئاشقازان ـ ئۈچەينىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە پايدىلىق.

تاماق يېيىش شۇنداق، نەزەرىيە ئۆگىنىشمۇ شۇنداق. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار نەزەرىيە ئۆگىنىشتە يۇمشاق چايناپ ئاستا يۇتۇشقا ئەھمىيەت بەردى:

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

# جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى




**☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى رىن جياك، لۇ فېڭباۋ، شيې لۇڭ، ۋاڭ چىمىڭ**

ئىلگىرىكى چۆل ـ جەزىرىدە، ھازىرقى كۈندە زاۋۇت ئۆيلىرى رەتلىك سېلىنىپ، ياپيېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى. مۇخبىرلار ھەربىر سېخقا كىرگەندە، ھەممىلا جايدا ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شىنجاڭ فۇلىدا تالا چەكلىك شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «شىنجاڭ فۇلىدا» دېيىلىدۇ)، بايىنغولىن ئوبلاستى جىنفۇ ئالاھىدە تور توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ فۇلى جىبىلۇن پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى... شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى بۆلىكىدىكى ھەربىر كارخانىنىڭ ھەممىسى يۇقىرى سۈرئەتتە يۈرۈشمەكتە ئىدى.

**■ ۋەزىيەتكە بېقىپ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك ساھەسىگە قەدەم قويۇش**

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شىنجاڭ فۇلىدانىڭ باش مۇدىرى، باش دىرېكتور فېڭ ۋېنجۈن جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك ساھەسىگە يۈرۈش قىلىش جەريانىنى ئەسلەپ، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: بۇ، جۇڭتەينىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم ھالقىش.

2012 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ۋىۋىسكا يوپۇقى ئېچىلىپ، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ بايلىقنى تېز بىرىكتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات يولىنى باشلاش پەردىسى رەسمىي ئېچىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ مەھسۇلاتلىرى پولىۋىنىل خلورىتلىق سمولا، ئىيون پەردىسلىك كۆيدۈرگۈچ ئىشقار، كالتسىي كاربىد قاتارلىقلار ئىدى.

يېپىشقاق تالا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى كۆيدۈرگۈچ ئىشقارنىڭ مۇھىم خېرىدارلىرى، ئەمما بۇ كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىغا تارقالغان، سۇيۇق ئىشقارنىڭ مۇۋاپىق سېتىلىش رادىئۇسى 500 كىلومېتىر بولۇپ، سۇيۇق ئىشقارنى چوقۇم قاتتىق ئىشقار قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلىگەندىلا، ئاندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتقىلى بولاتتى، ئايلاندۇرۇش تەننەرخى، توشۇش تەننەرخى ناھايىتى زور ئىدى. شىنجاڭ فۇلىدا 500 كىلومېتىرلىق رادىئۇس دائىرىسىدە بولۇپ، جۇڭگو پۇقراۋى كارخانىلىرى ئىچىدىكى 500 كۈچلۈك كارخانا بولغان جېجياڭ فۇلىدا تالا چەكلىك شىركىتى 2007 ـ يىلى كورلىدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، 2008 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن باشلاپ، جۇڭتەي گۇرۇھى سۇيۇق ئىشقارنىڭ مۇھىم خېرىدارىغا ئايلانغان.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)